ئەلكىن مۇنبىرى Alkin.cn




ئەلكىن مۇنبىرى Alkin.cn

# مەن ئىزدىگەن دۇنيا

يالغۇز كېتىۋاتىمەن. ئاياغ ئاستىمدا ئاپئاق قارنىڭ سۇلغۇن پىچىرلاشلىرى... بىز مانا مۇشۇنداق ئاپئاق ئىدۇق - ھە! توغرا، مۇشۇ قاردەك ئاپئاق يارالغان ئىنسانلار ئىدۇق. بىراق ھازىرچۇ؟ كۈندىن - كۈنگە خۇنۈكلىشىۋاتقان روھىيىتىمىزدىكى يۈكسەكلىك قاياقلارغىدۇ غايىپ بولغان. ئىچىمدىن چىقىۋاتقىنى ئاچچىق ، ئېغىر تىنىقلار... دادام ھەجدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى مېھمانلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېيىشكەنىدى. «ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى ياسىشى ئۈچۈن جەننەتتىن چىقارغان ھەجەرۇلئەسۋەت جەننەتتىن چىققاندا ئاپئاق تاش ئىكەنتۇق. دۇنيادىكى گۇناھلارنىڭ كۆپلىكىدىن ئاق تاش قارىداپ كېتىپتۇ.» مۇشۇ سۆزنى ئاڭلىغىنىمدا ئۇن نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ تا ھازىرغىچە مەن ئاشۇ تاشنىڭ قارىداپ كېتىش سەۋەبىنى ئىزدىدىم، ئويلاندىم. ھەقىقەتەن، كۆز ئالدىمدىكى دۇنيا تاشنىڭ قارىداپ كېتىش سەۋەبىنى ماڭا سۆزلىمەكتە ئىدى...

ئاۋات بازاردىكى تىلەمچىلەر، رېستورانلاردىكى تۆلكۈلىۋاتقان، خارلىنىۋاتقان جەننەت رېھەتلىرى، سۇسلىشىۋاتقان ھايا ۋە ئەخلاق، ئىمانسىزلىققا تولغان قەلب، كىتاب ئىشكاپىدىكى بويىنى قىسىلغان، توپا باسقان كىتابلار، ياتلاشقان ئەنئەنە، سۇسلىشىۋاتقان نازاكەت ۋە جاسارەت... مانا بۇلار كۆز ئالدىمدىكى ئەڭ ياخشى جاۋاب ئىدى.

نېمە ئۈچۈن؟ يۈرىكىم ۋىجدانىمغا مانا بۇ نېمە ئۈچۈن دېگەن ئاددىي ئەمما ۋەزنى ئېغىر سۇئالنى قويىدۇ.

«زادى نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن؟»

بۈگۈن 21-دېكابىر. ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بايرام ھېسابلايدىغان ئۇلۇغ كۈن. يەنە كېتىۋاتىمەن. ئاۋات كوچا... مەسچىت ئىچىدىن چىققان مۇڭلۇق ئەزان يۈرىكىمنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتتى. نۇرغۇن چىرايىدىن نۇر يېغىۋاتقان كىشلەرقاتار سەپ تۈزىشىپ تۇراتتى. يۈرىكىم ۋاللىدە قىلىپ يورۇپ كەتتى. ھاۋا شۇنداق سوغۇق بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ تالا دېمەي ساۋاب ئۈچۈن ئالدىراۋاتقانلىقىدىن خۇرسەن بولدۇم. يەنە نېمە ئۈچۈنكى، كۆڭلۈمنىڭ يېرىمچىلىكى بىردەمدە بۇزۇلدى. چۈنكى تەن دۇرۇس، ئادەم قارىسا ئەيمەنگۈدەك ئەر زاتلىرىمىز خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ناماز ئوقۇۋاتقانلارغا خىيالەن قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. يەنە كېتىۋاتىمەن. ئالدىمدا ماڭغا ھەممە يېرى ساق بىرىنىڭ قولىنى سوزۇپ، ئىچىدە نېملەرنىدۇ پىچىرلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قوشۇمام ئىختىيارسىز تۈرۈلدى. «ئېست» دەيتتىم ئىچىمدە... «ماڭا قول سۇنۇپ يېلىنغۇچە ئىككى قولۇڭغا يېلىنساڭچۇ؟ ماڭا يېلىنىپ بىر نەرسە تەما قىلغۇچە ئاللاھقا ئاۋۋال دۇئا قىلىپ مەدەت تىلەپ، ئاندىن ئۆزۈڭگە تايىنىپ بىر ئىش قىلساڭچۇ...»

ئاۋات دۆڭكۆرۈكتە كېتىۋاتىمەن. تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تىنىم تاپماي خېرىدار چاقىرىۋاتقان ئادەملەر توپى. يەنە شۇ ھېلىقى كىچىك باللار. ئادەمگە ئانا قۇشنىڭ ئاغزىدىكى ئوزۇققا تەلمۈرگەندەك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، يولۇمنى توسۇشۇپ «ئاچا، قەغەز ئېلىۋېلىڭە. ئاران بىرسى بىر كوي. ئېلىۋېلىڭە» ئالماي ماڭماي ئامالىڭىز يوق. ئۇلارنىڭ يېلىنىشلىرى شۇنچىلىك سۆيۈملۈك ۋە قورقۇنچلۇق... ئۆزۈمچە ئويلاپ قالدىم. شۇ نارىسىدە باللارنىڭ قەلبىگە راستىنلا مۇشۇنداق «پۇل ھەممىدىن مۇھىم، پۇل بولمىسا ھېچ ئىش بولمايدۇ» دەيدىغان مۇرەككەپ ھېسسىيات ئورناپ كەتكەنمىدۇ؟ ئاتا - ئانىلىرى ياكى ئۇلارنى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ تېتىپ باقسۇن دېگەنمىدۇ؟... كاللامدا گادىرماچ سۇئال... تۈمەن مىڭ خىيال...

يۈرىكىم مۇزلاپ كەتتى. يەنە شۇ دەھشەتلىك سۈرەت. بىرى خۇداغا يېلىنماي شۇنچە ئاجىز ئىنسانلاردىن بىر نەرسە تەما قىلىپ قوللىرىنى سوزۇشماقتا، يەنە بىرى ئادەملەر دېققەت قىلمىغان پۇرسەتتە ئۆز قېرىنداشنىڭ يانچۇقىغا خالىغانچە قول تىقماقتا. باشقىلار ئۇلارنى كۆرسىمۇ، خىيالەن ئۆز يوللىرىغا «نېمە كارىم» دەپ

راۋان بولماقتا...

يەنە شۇ قۇلاق تۈۋرۈمدە يېقىملىق ئەزان ئاۋازى... كۆز ئالدىمدا ئالدىراش نامازغا ماڭغان ۋە يەنە شۇ تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش يۈرىۋاتقان ئادەملەر توپى... ئىچىمدىن يېنىۋاتقىنى سوغۇق مۇھەببەت ۋە ھەسرەتلىك ھېسلار ئىدى.

كېتىۋاتىمەن. بىر موماي يولدىكى مۇزغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكەندى. ھېچكىممۇ ئۇنى يۆلەپ قويمىدى. بىچارە موماي ئاران تەستە قوپاي دەپ تۇرىشىغا يەنە يىقىلدى. قەدەملىرىم مومايىنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئالدىرايتتى. مەن بارغىچە بىر ياش بالا ئۇنى يۆلەپ قويىۋېدى، موماي ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىدىن سۆيۈنۈپ قولىنى سوزۇپ دۇئا قىلدى. بىراق ھېلىقى بالا خىجىل بولدىمۇ ئۇقمىدىم ، مومايىنى بىر خىل مەنىستىمىگەن ھالەتتە يولىغا راۋان بولدى. تېزىراق بارمىغىنىمدىن، مومايىنىڭ دۇئاسىغا ئېلتىپات قىلالمىغىنىمدىن غەمكىن بولدۇم... ئىشقىلىپ، مومايىنى يۆلەپ قويغان بىر ئادەمنىڭ چىققىنىدىن شۇنداق خۇشال بولدۇم

«ھەركىمنىڭ ئۆزى بىر دۇنيا.» ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ ياشاش دۇنياسى بولىدۇ. ھايات بىزنى ھەر ۋاقىت تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىناپ تۇرىدىكەن. مانا مەنمۇ ئاشۇ سىناقنىڭ ئۈستىدىكى ناتىۋان ئىنسانمەن. مەن ئەسلى مۇھەببەتكە موھتاج ئىكەنمەن. مېنىڭ ئىزدەيدىغىنىم ساپ، ھەقىقي مۇھەببەت...

ياتاق بىناسى ئالدىدا بىر - بىرى بىلەن ئايرىلىشالماي، قۇچاقلىشىپ، چىرمىشىپ كەتكەن ئاشىق – مە - شۇقلار... توۋا، دەپ ياقامنى تۇتىمەن. قىيامەت كۈنى نېمە دەپ جاۋاب بېرەسىلەر؟ ھايا بىلەن يۈرۈشمۇ بىر خىل نازاكەت ۋە گۈزەللىك ئەمەسمۇ؟ گۈزەللىكنىڭ خۇنۈكلىشىپ كەتكىنىنى ئەمدى چۈشەندىم. ساختا مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك ئىنساندىكى ئاشۇ گۈزەللىكنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىمانسىزلىقنىڭ ھالاكەتلىك گىردابىغا قىستاپ بېرىپتۇ. ئىمان نېمە؟ ئەخلاق نېمە؟ مۇھەببەتچۇ؟ دۇنيادىن سوراۋاتىمەن... دۇنيا پەقەت چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ماڭا ئۆزۈمدىن ۋە ئەتراپىمدىن جاۋاب ئىزدەشكە قىستايدۇ.

مەن جاۋاپ تاپتىم. ئىمان ئاللاھقا ئىشىنىشلا ئەمەس، ساپ مۇھەببەت بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە يۈز

كىيىلەلىگۈدەك ياشا، ھۆججۈدۈگىدىكى روھىڭنى ھەر قاچان پاك تۇت، قۇلۇڭدىن كەلسە ياخشىلىق قىل، مېھرىبان ۋە ساپ دىللىق بول، دېگەنلىككەن. ئۇ ھەرگىز جەينامازدىن قوپماي، سەجدە قىل! دېگەنلىك ئەمەس ئىكەن...

ئەخلاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ھەم جاۋاب تاپتىم. ئۇ ئەسلى ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ھاياتلىق يۈرىكى ئىكەن. ھايا ۋە ئىمان ئۇنىڭ زىننىتى ، ۋىجدان بولسا گۈزەللىكىنىڭ مۇستەھكەم قورغىنى ئىكەن. مانا بۇلار ھاياتلىق يولىنى رەڭدار چېچەكلىرى بىلەن ئۈمىد ۋە مۇھەببەتكە پۈركەيدىكەن...

مۇھەببەت ـ ئۇ مەسئۇلىيەت ۋە مۇقەددەس روھ ئىكەن. ئۇ ناۋادا مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە ناپاكلىق ئۈستىگە قۇرۇلسا تېزلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىدىكەن. مۇھەببەت ئۇ پاكلىق، ئۇ مېھرىبانلىق. ئۇ پاك ھېسسىيات بولۇپلا قالماي باشقىلارغا قىلىنغان ئۆمۈرلۈك ۋەدە... ئۇ يوقالسا ئىنسانىيەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭ قىيامىتى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ۋاپاسىزلىق ۋە رەزىللىك...

دۇنياغا خىتاب قىلىمەن: «ئارتۇقچە مال ـ دۇنيا ۋە بايلىق ئىنسان ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس. ئەي، دۇنيا مەن ياشايدىغان ئۆزۈمگە خاس گۈزەل دۇنيا يارىتىشىمغا ئىمكان بەر. مەن ئاشۇ دۇنيادا ئۆز مەۋجۇدلۇقىمنى ۋە ئۆزۈمنىڭ ھەقىقي ئىنسان ئىكەنلىكىمنى تاپاي...»

چۈش كۆردۈم. قىيامەت بولۇپتۇ، دەپ چۈشەپ قاپتىمەن... بەزىلەر مەشرىق تەرەپتىن مەغرىپ تەرەپكە يۈگۈرۈپ مېڭىپتىمىش... دېڭىزلار تېشىپتۇدەك، تاغلار توزغاقتەك توزۇپ كەتكۈدەك... دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىنسانلار مەھشەرگاھقا ھازىر بوپتىدەك... بەزىلەر چايان سۈرەتلىك، يەنە بەزىلەر توڭگۇز، چوشقا سۈرەتلىك، يەنە بەزىلەر بولسا ئېشەك، يىلان سۈرەتلىكمىش... مەن نە قىلارىمنى بىلمەي ئەتراپتىكى دەھشەتلىك سۈرەتتىن قورقۇپ كېتىپتىمەن. ئاسماندىن قىپقىزىل چوغ ھەممە ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندە قورقۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئەسلى مەن چۈش كۆرۈپتىمەن...

خۇداغا مىڭ شۈكۈر قىلىپ دېرىزەمدىن غېرىبانە كۆلبەمگە كىرۋاتقان غۇۋا ئاي نۇرىغا قاراپ خىيالغا چۆكتۈم.

ناۋادا ئاشۇ قىيامەت رېئاللىق بولۇپ قالسا مېنىڭ ئەھۋالىم نېمە بولار؟ ھېلىقى دەھشەتلىك سۈرەت خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتمەكتە. يىلان، چايان، توڭگۇز سۈرەتلىك كىشىلەر دەل ھازىر رېئاللىقتىكى يالغانچى، جازانىخور، بىراۋنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان، يېتىم ھەققى يەيدىغان، ئاللاھتىن قورقۇپ ئەمەس، رەسمىيەت ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدىغان رىياكارلار ئەمەسمۇ؟ يېنىم غۇژژىدە تىترەپ كەتتى. ئېغىر بىرنى تىنىپ قويدۇم. مانا بۇلار كۆز ئالدىمدىكى دۇنيانىڭ كەلگۈسى ئەمەسمۇ؟

دۇنيادىن قىلچە ئاغرىنمايمەن. ئۇ ئەسلى پاك يارالغان ئاپئاق دۇنيا. ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قەدەملىرىنى، ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرى بىلەن ھەرخىل سۈرەتلەرنى سىزىۋاتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئاپئاق دۇنيا، يەنە بەزىلەرنىڭ قارا ۋە كۆلرەڭ دۇنيا...

بىرىنىڭ يىغلاۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمغا غۇۋا ئاڭلىنىپ قالدى. زەن سالسام قوشنا ئايالنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتقان ھەسرەتلىك ياش ئىدى. ھەقاچان ئۇ يەنە ئوغلى ئۈچۈن ياش تۆكىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى بىر چېكەرمەن... ئۇ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تاپقان تەرگىنىنى ئاق ئىسقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئانا ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ نەسىھەت قىلدى، ياش تۆكتى. بىراق، ئۇ ئوڭشالماي بارغانچە ئاق ئالۋاستىنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىۋاتاتتى. بىر ياخشى كۆيۈمچان بالا ئىدى. كىملەر قەستلىدى؟ ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى مانا مۇشۇ ئىدى... ئانا بۇرۇن بالىسى ئۈچۈن ياخشى تىلەكلەرنى تىلىسە بۈگۈن ئۇنى قارغىدى. ئۇ چىن دىلىدىن قارغىمىدى، پەقەت بالىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنىڭ سەۋەبكارى بولغان ئاق تۇتۇنگە جان ئاچچىقىدا تىللاپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق قىسمەتنىڭ ئەيىپكارى، ئانىلارنىڭ ئازابلىق كۆز ياشلىرىنىڭ سەۋەبكارى كىم؟ دۇنيامۇ؟ ياق، ياق! ئۇ ئىنسانلار ئىدى. ھايۋاندىنمۇ بەتتەر نائىنساپ ئىنسانلار ئىدى...

بىچارە بالا تۈن نىسبىدە ئۇيقۇسى كەلمەي تېلىۋىزور ئالدىدا ئاتا - ئانىسىنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئاتا- ئانىسىنىڭ تېخىچە چايدىن كەلمىگەنلىكىدىن قىلچە ئەجەبلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ... ئۇ قاتتىق ناننى كۇرۇسلىتىپ، پات - پات ئۈمىد بىلەن ئىشىككە قاراپ قويىدۇ.

قاچانكىن، ئۇ ساقلاپ ـ ساقلاپ ئاخىرى ساپاغا يۆلىنىپ دۆگدەيگىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ يىپىنچىسىز بولغاچقا توڭلاپ كەتكەن ئىدى.

ئاتا ـ ئانا بولسا هاراق ۋە ھەرخىل پۇراقلار قاپلاپ كەتكەن ئىسسىق ئايرىمخانىدا چەتئەللىكنىڭ ئىسسىق مۇزىكىسىغا جۆر بولۇپ تانسىغا چۈشكەنىدى. يات ئەرلەر بىلەن ئايال تانسا ئوينىدى، ئەرمۇ باشقا ئايال بىلەن چاقچاقلىشىپ تانسا ئويناۋاتاتتى. بۇ يەردە ئەر ئايالنى، ئايال ئەرنى كۆنلەش يوق ئىدى. ئۇلار بۈنى توغرا چۈشىنەتتى. چۈنكى ئۇلار 80 ـ يىللارنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى ئىدى. هاراق ئىچىلمەكتە... قورمىلار شۇ پېتى... ئاللاھنىڭ ئىسسىق نېمەتلىرى خارلىنىۋاتاتتى. كۈلكە ـ چاقچاق، ھەر خىل يۇمۇرلار سورۇندا ھۆكۈمران بولۇپ ئۇلارنى ئۆيلىرىگە تېزىراق بېرىشتىن مەھرۇم قىلغانىدى... ئويناڭلار، كۈلۈڭلار بىغەم ئاتا – ئانىلار... باللار ئاچ قالدى. ئۇلارنىڭ قەلبى سىلەرنىڭ مېھرىڭلاردىن مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ. سورۇننىڭ سەردارى بولغۇچە ئۆز ئائىلەڭلەرنىڭ بەختلىك پەرىشتىسى بولساڭلارچۇ ؟

ئەي، ئانا! سىز ئانىغا لايىقمۇ؟ سىز مۇشۇنداق ئويناپ يۈرسىڭىز سىز تەربىيلىگەن بالا كەلگۈسىدە سىزگە بالا بولمىسۇن...

ئەي، دادا! سىز دادىمۇ ياكى ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنىدىكى قىزىزىقچى، يۇمۇرچىمۇ؟ قاراڭ، باللىڭىز نەلەردە، سىز نەلەردە؟ كەلگۈسىڭىز نەلەردە؟... ئاڭلاڭلار! بۇ ئويۇن ـ كۈلكە دۇنياسى ئەمەس، سىناق، خىرىس ۋە مەسئۇلىيەت دۇنياسى....

ئانامنىڭ ئاپئاق روماللىدىن، قار باسقان ئاپئاق يوللاردىن، مەن بىلەن تەڭ كۈلگەن دوستلارنىڭ چىن كۈلكىسىدىن، دادام ئېيتقان ھېكمەت بۇلاقلىرىدىن مەن ئىزدىگەن دۇنيانى ئىزدەيمەن. ئۇ ئاپئاق، چىن مۇھەببەتلىك، رەزىللىك ئارلاشمىغان ھەقىقىي دۇنيا. ئۇندا ئازابتىن پۇچىلانغان قەلب يوق، پەقەت مېھرلىك كۆزلەردىن تۆكۈلگەن خۇشاللىق يېشى بار. ئۇ ئۈمىدلىك دۇنيا! ئۈمىد ئۇنىڭ باغرىدا ئادىمىيلىك يوللىرىنى نۇرغا چۈمكەيدۇ. ئۇ ھەقىقىي گۈزەل دۇنيا! ئۇنىڭ ھۇجۇدىدا پاكلىق ۋە مۇستەھكەم ئىمان ھەر قاچان گۈزەل

سىماسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئۇ مېھىر ـ مۇھەببەتلىك دۇنيا! گۈگۈمسىمان يوللار مۇھەببەتتىن يېڭى ھاياتلىق يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. ئۇ ساناقسىز چاقناپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلار دۇنياسى. ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئىنسانىيەتنىڭ پاك نۇرى نۇرلۇق جۇلا قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە رىياكارلىق يوق، ناپاكلىق، ئازاب ۋە ھەسرەتلىك كۆڭلەر يات دۇنيا.

بۇ يەردە قىممەتلىك ئەنئەنە ئۆز مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە مۇھەببەت تىلدىلا ئەمەس، ھەر بىر قەلبتە تاۋلىنىدۇ ۋە مەدھىيلىنىدۇ. ساداقەت، ۋاپادارلىق، ئەخلاق، راستچىللىق، شەخسىيەتسىزلىك بۇ پاك دۇنيانىڭ گۈزەل سىماسى ۋە ئۆچمەس روھى!

ئاللاھ كۆكتە بۇ نۇرلۇق دۇنيادىن ئۆز ساۋابلىرىنى قىلچە ئايىمايدۇ . بۇ دۇنيادىن قىلچە يامانلىق ۋە رەزىللىك ئۇرۇقلىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

ئانىلار بۇ يەردىن ھەقىقىي ئانا، ھەقىقىي ئايال بولۇش شەرىپىنى، ئەرلەر ھەقىقىي دادا ۋە پىداكارلىق مەجمۇئەسىنى بۇ يەردىن تاپىدۇ. ئەرلەردىكى ۋىجدان ۋە جاسارەت، ئاياللاردىكى ھايا ۋە نازاكەت مانا بۇ يەردە ھەقىقىي ئورنىنى تاپقان.

بۇ يەردە ساختىلىق يوق، بۇ يەردە ئۆچمەنلەشكەن، قىساسكار كىشلەر يوق... بۇ يەردە پەقەت ھەقىقىي سۆيگۈ بار.

بۇ يەردە كىشلەر پىشانىسى بىلەنلا ئەمەس، قەلبى بىلەنمۇ سەجدە قىلىدۇ، دېگەن ۋەدىلىرىگە ئەھدە قىلىدۇ. يىللار، ئايلار بۇ يەردە ئۆز قىممىتىنى تاپقان. ۋاقىت گەرچە رەھىمسىز بولسىمۇ، ئۇ بۇ يەردە بەرىكەت تاپقان. بۇ يەردە يېتىملەر كۆزىدىن ياش ئاقمايدۇ، يېتىم باللارغا ئاتا ـ ئانا بولالىغۇدەك مېھرىبان كىشلەر كۆزىدىن ئۇلارغا مۇھەببەت ياغدۇ.

ئاھ ، مەن ئىزدىگەن دۇنيا! سەن مەنلا ئىزدەۋاتقان دۇنيا بولۇپ قالما! سەن مۇشۇ ئەزىز تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئىزدەۋاتقان دۇنياغا ئايلان! دادام ئېيتقان ھېلىقى قارا تاش يەنە ئاقىرىپ، ئىنسانلارنىڭ جەننەتتىن كەلگەن بۇ بۆيۈك مۆجىزىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان كۆڭلەر پات ئارىدا

كەلگۈسى... ئەي، مەن ئىزدىگەن دۇنيا. مەن سېنى قەلبىمدىلا ئەمەس، ئەمەلىيىمدىمۇ ئىزدەيمەن.

چۈنكى، سەن مېنىڭ يارقىن ئاۋازىم ۋە يۈرىكىمدىن چىقىۋاتقان ئەكس سادا... سەن مېنىڭ دۇنيارىمدىكى ئەڭ گۈزەل دۇنيا... ياش، ئۈمىدۋار بول. ھەي، مەن ئىزدىگەن دۇنيا! سەن چوقۇم ھەر بىر ئىنسانىيەتنىڭ ئىزدەۋاتقان دۇنياسىغا ئايلىنىسەن...

